# 241164 ـ تاھارەت ئېلىش جەريانىدا چېشىنى تۈتۈپ تۇرىدىغان تۈتقىنى ئېلىۋېتىش كېرەك بولامدۇ؟

**سوئال**

چېشلىرىمنى داۋالاتتىم، چېش دوختۇرى چېشىمغا چېشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئوراپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر نەرسىنى قويدى، بۇ نەرسىنى خالىغاندا ئېلىۋەتكىلى بولىدۇ، ناماز ئۈچۈن ھەر قېتىم تاھارەت ئالغان ۋاقتىمدا يەنى ئېغىزغا سۇ ئالغاندا ئۇنى ئېلىۋېتىشىم كېرەكمۇ؟، تاھارەت ئالغاندا چېشلارنىڭ ھەممىسىگە سۇ تېگىشى كېرەكمۇ؟ياكى ئۇنى ئېغىزىمدىن ئېلىۋەتمەي تاھارەت ئالساممۇ بولامدۇ؟ . بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

تاھارەت ئالغاندا چېشىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان بۇ نەرسىنى ئېلىۋېتىش كېرەك ئەمەس، چۈنكى ئېغىزغا سۇ ئېلىش دېگەن؛ سۇنى ئېغىزدا ھەرىكەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئېغىزدا چېشنى تۇتۇپ تۇرىدىغان نەرسە بولسىمۇ ھاسىل بولىدۇ، جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا مۇمكىن بولسا ئېلىۋەتكەن ياخشى.

شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھدىن: مەن چېشلىرىمنى ياساتقان، بۇ چېشلارنى بىر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېلىۋېتىپ تاھارەت ئالسام كۇپايە قىلامدۇ ياكى ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ئېلىۋېتىپ ئاندىن تاھارەت ئالىمەنمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن" :بۇنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىرىنچى قېتىم سالغاندا ئېغىزىڭىزنى چايقاپ تاھارەت ئېلىپ سالدۇرغان بولسىڭىز، شۇ تاھارەت بىلەن نامازنى ئادا قىلسىز، يەنە بىر قېتىم تاھارەت ئالماقچى بولغاندىمۇ ياساتقان چېش ئېغىزىڭىزدا تۇرۋېرىدۇ، ئېغىزىڭىزنى چايقايسىز چىشنى ئېلىۋېتىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ" ] ."نۇرۇن ئەلەددەرب پەتىۋاسى- 5 " توم- 101 بەت .]

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھدىن: بىر كىشى ئالغىلى بولىدىغان قىلىپ بەزى چېشلارنى سالدۇرۇپتۇ، مۇستەھكەم بېكىتتۈەتمەپتۇ، لېكىن تولا ئېلىپ-سېلىش قىيىن بولۇپ قاپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىزنى چايقىغاندا چېشلىرىنى ئالماي تاھارەت ئالسا بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ مۇنداق جاۋاپ بەرگەن " :ئېغىزنى چايقىغاندا چېشنى ئېلىش كېرەك بولمايدۇ، چۈنكى ئېغىزغا سۇ ئالغاندا سۇنى ئېغىزدا ئايلاندۇرۇش كۇپايە قىلىدۇ، چۈنكى سۇ دېگەن ئىنچىكە بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىزدىكى ھەممە چېشنىڭ ئارىسىغا يېتىدۇ، ئەگەر مۇمكىن بولسا جۇنابەتتىن يۇيۇنغاندا چېشنى ئېلىۋەتسە ياخشى بولىدۇ ."

"]ئايلىق ئوچۇق سۆھبەت" - 20 قىسىم- 158 نومۇر].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.